# نەۋائىي ياشىغان دەۋردىكى تېبابەتكە بىر نەزەر

تۇرسۇن بارات

مەنبە : شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى




ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

مەلۇمكى، شەرق تېبابىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ تېبابەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرگەن بۈيۈك ئەللامە ئەبۇ ئېلى ئىبنى سىنا بولدى. ئىراق ئىبنى سىناغىچە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا كۆپلەپ تېببىي كىتابلار يېزىلغان ئىدى. ئىبنى سىنادىن كېيىن ھەم تېببىي ئەسەرلەر يېزىلدى. تېۋىپلار ئۆز ئەسەرلىرى، يېڭى داۋالاش ئۇسۇللىرى، ھەر خىل تەجرىبىلەر مۇجەسسەملەنگەن كىتابلىرى بىلەن بىر - بىرىگە تەسىر قىلدى ۋە بىر - بىرىدىن ئۆگەندى.

نەۋائىي ياشىغان ئەسىردىكى تېبابەتنى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تېبابەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغاندەك نەۋائىي ياشىغان 15 - ئەسىر ھەمدە 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تېبابەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ھەم بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. مەزكۇر ئەسىردىكى ماۋارەئۇننەھر، خوراسان، ئىران ۋە ھىندىستان تېبابەتلىرى ئۆزئارا مۇستەھكەم ئالاقىدە بولغان. بۇ دەۋردىكى تېۋىپلەر بىر - بىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن ئۆزئارا پايدىلانغان. خۇسۇسەن، نەۋائىي ئاساس سالغان «دوراشىپا» دىكى تېۋىپلەر بىلەن سەمەر قەنتتىكىلەر ئۆزئارا يېقىن ئالاقىدە بولغانلىقى، بىز بۇ ھەقتە ئاخىردا «دوراشىپا» ۋە ئۇنىڭ تېۋىپلىرى ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە تولۇقراق توختىلىمىز.

نەۋائىي ياشىغان دەۋردە ماۋارەئۇننەھر، خۇراسان، ئىران ۋە ھىندىستاندا ياشىغان تېۋىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەۋۋەل ناۋائىي دەۋرىدە ھىراتتا تېبابەتنىڭ راۋاجلىنىش تارىخىنى ۋە سەۋەبلىرىنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، ئاندىن، مەزكۇر دەۋردە ياشىغان تېۋىپلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىلىم ئەھلىلىرى يېڭى مەلۇماتلارغا ئىگە بولىدۇ.

سۆزىمىزنى نەۋائىي ياشىغان دەۋردىكى تېۋىپلاردىن باشلايلى. ئەنە شۇندىق تېۋىپلەردىن بىرى 14 - ۋە 15 - ئەسىردە ياشىغان مەنسۇر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى يۇسۇف ئىبنى پەقىھ ئىلياسدۇر. ئىلمىي مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ تېبابەتكە بېغىشلاپ 3 كىتاب يازغان: 1 - «رىسالەدەرتاشرىھ - ئى بەدەن ئى ئىنسان» («ئادەم ئانا تومىيسى ھەققىدە رىسالە»). بۇ ئەسەر ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى پىر مۇھەممەد باھادىرغا (ھىجرىيە 808-يىلى/مىلادى 1405 يىلدا ئۆلتۈرۈلگەن) بېغىشلانغان بولۇپ، «تاشرىھ ئى مەنسۇرى»، «تاشرىھ بىت تەسۋىر» دېگەنناملار بىلەن كىشىلەرگە مەلۇمدۇر.

كىتاب مۇقەددىمىسىدە ئادەم بەدىنىنىڭ تۈرلۈك ئەزالىرىغا تەسۋىر بېرىلگەن (ئادەم بەدىنىنىڭ تۈرلۈك ئەزالىرى تەپسىلىي سۆزلەنگەن). ئاساسىي قىسمى 4 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ،

سۆڭەك، ئەسەپ، مۇسكۇللار ۋە قان تومۇرلىرىغا بېغىشلانغان. خاتىمە قىسمىدا مۇرەككەپ ئەزالار ھەققىدە سۆزلەنگەن. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا شۇ ئەسەرنىڭ 2 خىل يازما نۇسخىسى ساقلانماقتا (كىتاب نومۇرى 2105 - ۋە 3663 -).

مەنسۇر ئىبىن مۇھەممەدنىڭ 2 - كىتابى «كۆپايائى مەنسۇرى» ياكى «كى پايا - ئى مۇجاھىدىيا» («مۇجاھىد ئۈچۈن تولۇق كىتاب») دەپ تېۋىپنىڭ ئۇستازى بولغان مۇجاھىددىن دېگەن كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئەسەر سۇلتان زايىن ئەل ئابىيدىن كەشمىرى (ھېجرى 823 - يىلى، مىلادى 1420 - يىلى تۇغۇلۇپ ھېجرى 875 - يىلى، مىلادى 1470- يىلى ۋاپات بولغان) گە بېغىشلانغان بولۇپ، 1423 - يىلى يېزىپ تۈگەتكەن. ئۇنىڭدا مۇئەللىپ ئادەم تاناسىنىڭ (بەدەنىنىڭ) ساغلام ھالىتى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى، كېسەل بۇلۇش سەۋەبلىرى، ساغلىقنى ساقلاش، تۈرلۈك ئەزالارنىڭ كېسەل بولۇش ۋە ئۇلارنى داۋالاش، ئاددىي ۋە مۇرەككەپ دورىلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا شۇ كىتابنىڭ 3 دانە قول يازما نۇسخىسى (5536 -، 11665 -، 11846 - نومۇرلۇق) ساقلانماقتا.

مەزكۇر مۇئەللىپنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «غىياسىيا» - ناھايىتى چوڭ نۇسخا بولۇپ قول يازمىسى ھازىر كالكۇتتىدا ساقلانماقتا.

تېۋىپ ئائىلىسىدىن چىققان كېرمانلىق بۇرھاندىدىن نەپىس ئىبىن ئىۋاز ئىبىن ھەكىم ئەل كېرمانى مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ (1449 - 1409) تەكلىپى بىلەن سەمەرقەنتكە كېلىدۇ ۋە شۇ يەردە تېۋىپ نەجىبىددىن سەمەرقەندىنىڭ (ھىجرى 619 - يىلى، مىلادى 1222 - يىلدا ۋاپات قىلغان) «ئەسباب ئالامەت» («كېسەللىك سەۋبلىرى ۋە بەلگىلىرى») دېگەن ئەسىرىگە ئەرەب تىلىدا شەرھى يازدى ۋە ئۇنى ھىجرىنىڭ 827 - يىلى، مىلادىنىڭ 1424 - يىلى تۈگىتىپ مىرزا ئۇلۇغ بەگكە تەقدىم قىلدى. بۇ كىتابقا كېرمانى شەرھلىگەن نۇرغۇن پارچىلار قىستۇرۇپ كىرگۈزۈلگەن. شۇ شەرھى تۈپەيلى نەجىبىددىن سەمەرقەندىنىڭ «ئەسباپ ۋە ئەل - ئالامەت» دېگەن ئەسرى ئىلىم ئەھلىگە تونۇلدى.

ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 7636 - 2872- 4910 ۋە 10706 - نومۇرلۇق 4 قولىيازما ساقلانماقتا.

16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەمەرقەنتتە شايبانىلار خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان ئەبۇ مەنسۇر كۆچكۈنجى خان (1530 –– 1510) سارىيىدا سۇلتان ئېلى ئىسمىلىك تېۋىپ خىزمەت قىلغان. كېلىپ چىقىشى خوراساندىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «تېۋىپ ئى خوراسانى» –– خوراسانلىق تېۋىپ، دەپ نام بېرىلگەن. سۇلتان ئېلىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرىدىن بىرى

«دەستۇرئول ئىلاج» («داۋالاش دەستۇرى») دۇر. بۇ كىتاب ھىجرىيە 933 - يىلى (مىلادى 1526 - ۋە 1527 - يىللىرىدا) كۆچكۈنچى خان سارىيىدا يېزىلغان ۋە ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئىنساننىڭ بېشىدىن ئايىغىچە (پۇتىغىچە) بولغان بارلىق ئەزالىرىنىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ئۇلارنى داۋالاش يوللىرى كۆرسىتىلگەن.

«دەستۇر ئول ئىلاج» نى يېزىپ تۈگەتكەن يىلى سۇلتان ئېلى ئۇنى تولۇقلاش مەقسىتىدە يەنە بىر تېببىي كىتابنى باشلايدۇ ۋە ئۇنى «مۇقەددىمە ئى - دەستۇر ئول ئىلاج» نامى بىلەن كۆچكۈنچى خاننىڭ ئوغلى ئەبۇسەئىد باھادىرخان (ھىجرىيە 936 - يىلى، مىلادى 1530 - يىلىدىن ھىجرىيە 939 - يىلى، مىلادى 1533 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋردە يېزىپ تاماملايدۇ. «مۇقەددىمە» دە ئاۋۋالقى كىتابقا كىرمىگەن تومۇرنىڭ سوقۇشى، ساقلىقنى ساقلاش، ئەزالارنىڭ ساق ۋە كېسەل ھالىتى، بوھران بوھران -- كېسەللىك كرىزىسى.ھەققىدە يېزىلغان. بۇ 2 ئەسەرنىڭ تاشكەنتتە بىر نەچچە قول يازما نۇسخىسى بار.

سەمەرقەنتتە شەيبانىلار ئوردىسىدا خىزمەتتە بولغان تېۋىپلەردىن يەنە بىرى مۇللا مۇھەممەد يۇسۇپدۇر. ئۇ ئابدۇلەتىفخاننىڭ (مىلادى 1551 - 1540) دەۋرىدە پادىشاھنىڭ خۇسۇسىي تېۋىپى ئىدى. ئۇ تېۋىپ پادىشاھقا ئاتاپ «تەھقىق ئول - ھۇمىيات» («ئىستىماللار تەھقىقى») ناملىق 2 قىسىمدىن ئىبارەت ئەسەر يازى. ئابدۇلەتىفخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مۇھەممەد يۇسۇپ ئۆزىنىڭ «رىسالەدەر تەھقىق ئى نەبز ۋە تەپسىرا» (تومۇر ۋە تاھارەت چوڭ - كىچىك تەرەتنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ھەققىدە رىسالە») سىنى يازدى ۋە ئۇنى ماۋارە ئۇننەھرنىڭ يېڭى ھۆكۈمدارى سۇلتان سەئىد خانغا (1572 - 1567 غىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بېغىشلىدى. ئەسەر 2 قىسىمغا :«مەقسەت» ۋە «مەتلاپ» كە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاۋۋالقىسىدا تومۇر سوقۇشىنىڭ كىشى تەبىئىتىگە، يىل پەسىللىرىگە، كېسەللىك تۈرىگە قاراپ ئۆزگىرىشى، «ماتاپ» دا بولسا كېسەللىكنى تاھارەتكە قاراپ ئېنىقلاش ھەققىدە سۆزلەنگەن.

مەزكۇر 2 ئەسەرنى يېزىشتا تېۋىپ ئۆز ئۇستازى بولغان مەۋلانە مىركالان نامى بىلەن تونۇلغان ئىمادۇددىن مەسئۇدنىڭ كۆرسەتمە ۋە مەسلىھەتلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى كىتابتا تەكىتلەپ ئۆتكەن.

مۇھەممەد يۇسۇپ تۈرلۈك كۆز كېسەللىكلىرىنى ياخشى داۋالىغان (ئىسمىگە قوشۇلغان «قاھھال» لەقىمى شۇنىڭغا ئاساسەن بېرىلگەن) ۋە شوماۋزۇدا «زۇبدات ئول قاھ ھالىن» ناملىق كىتاب يازغان. بۇ ئەسەردە تاشقى بەلگىلەردىن ئېنىقلاش مۇمكىن بولغان كۆز كېسەللىكلىرىنى

ۋە ئۇلارنى داۋالاشنىڭ چارىسى (ئۇسۇلى) بايان قىلىنغان (ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ 2275 - 1153 - نومۇرلۇق قول يازمىلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ).

ماھىر تېۋىپلار پەقەت پايتەخت سەمەر قەندىتىلا ئەمەس، بەلكى ماۋاررەئۇننەھرنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ كېسەل داۋالىغان، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى تېببىي ئەسەرلەردە ئومۇملاشتۇرۇلغان.

شۇنداق تېۋىپلاردىن بىرى تاشكەنتلىك شاھ ئېلى ئىبىن سۇلايمان ئەل قاھھال ھىجرىيە 905 - يىلى (مىلادى 1500-1499) يىللاردا «زۇبدائى مەنزۇمە دەرفاننى قاھھالىي» («قاھھاللىق سەنئىتىگە بېغىشلانغان شېئىرى رىسالە») نى يازدى. ئەسەر مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆزنىڭ تۈزۈلۈشى، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، كۆز ئۈچۈن مۇرەككەپ دورىلارنى تەييارلاش ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن.

ھىجرىيە 951 – يىلى مىلادى 1544 - يىلىغا كەلگەندە، مەزكۇر مۇئەللىپ ئەينى چاغدا تەشكەنتتە ھاكىملىق قىلىپ تۇرغان نەۋرۇز ئەخمەت باھادىرخان ئۈچۈن باغداتلىق قاھھال ئەلى ئىبىن سىنانىڭ (10 - ئەسىردە ياشىغان) «كىتاب تەزكىرات ئۇل - قاھھالىن» («قاھھاللار ئۈچۈن ئەستىلىك <خاتىرە> كىتاب») ئەسىرىنى ئەرەبچىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى يەنە ئۆتمۈشنىڭ باشقا مەشھۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان مەلۇماتلار بىلەن تولۇقلىدى. كىتاب مۇقەددىمە ۋە 4 ماقالىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم كۆزنىڭ تۈزۈلۈشى، كۆزنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى كېسەللىكلىرى، ئۇلارغا ئىشلىتىدىغان ئاددىي ۋە مۇرەككەپ دورىلار كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 2 ئەسەرنىڭ قول يازما نۇسخىسى ئۆز بېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 4935/11 ۋە 1832 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

يەنە بىر كۆز كېسەللىكلىرى تېۋىپى ئەبەيدۇللا ئىبىن يۇسۇپ ئېلى قاھھال تاشكەنت ھاكىمى مۇھەممەد دەرۋىش باھادىرخانغا ئاتاپ 1567 -- 1562 يىللىرى ئارىلىقىدا «شىپائۇل ئەلىل» («كېسەللىكلەر شىپاسى») ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەر يازدى. بۇ ئەسەر 2 كىتابتىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچىسى شۇ دەۋر تېبابىتىدە ئەنئەنە بولغان «باشتىن تۆۋەنگىچە» بولغان ئەزالار كېسەللىكلەرىگە، ئىككىنچىسى بولسا مۇرەككەپ» دورىلارنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىشكە بېغىشلانغان. كىتابنى يېزىشتا مۇئەللىپ ئەبۇ بەكرى ئەررازى، ئىبىن سىنا، ئىسمائىل جۇرجانى، نەجىبىددىن سەمەرقەندى ئەسەرلىرىدىن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاتىسى، ئاكىلىرى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلانغان. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا بۇ

ئەسەرنىڭ 5 دانە قول يازما نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇلاردىن ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ قەدىمكىسى ھىجرىيە 1072 - يىلى، مىلادى 1662 - يىلدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا دۇر (ئۇ كىتاب 2477-نومۇر بىلەن ساقلانغان).

1570 - يىلى (ھىجرىيە 978 - يىلى) دا خەتتات ئەرەب مۇھەممەد ئەل بۇخارى «زىيايى ئۇيۇن» («كۆزلەرنىڭ نۇرى») ناملىق تىببىي رىسالىنى كۆچۈرگەن. بۇ ئەسەر نامەلۇم مۇئەللىپ تەرىپىدىن شۇ كۆچۈرۈلگەن يىلى يېزىلغان (1570 - ئەسەر نامىنىڭ (ئىسمىنىڭ) رەقەملەردىكى ئىپادىسى). خەتتاتنىڭ بۇ خارالىق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئەسەر ھەم بۇ خارادا يېزىلغان دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن.

«زىيايي ئۇيۇن» 4 باب ۋە چوڭ خاتىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھەم كۆز كېسەللىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇئالاجاسىگە بېغىشلانغان. كۆپ يەرلەردە ئىبن سىنا «قانۇن» ىغا ئىشارىلەر بار. خاتىمە قىسمى لۇغەت تەرىقىسىدە تۈزۈلۈپ، ئۇنىڭدا كۆز كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ئېلىببە تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن.

ھىراتتا دۇرۇش شىپانىڭ ئېچىلىشى ۋە بۇ يەردە شۇ دەۋردىكى ماھىر تېۋىپلارنىڭ توپلىنىشى قوشنا يەرلەردىكى، جۈملىدىن ئىراندىكى تېۋىپلەرنى جەلپ قىلدى. ھۆسەيىن بايقارانىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىراننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تېۋىپلىرىدىن بىرى كىرمانلىق نېمە تۇللاھ ئىبن فەھرىددىن مۇبارەكشاھ ھەكىم كېرمانىيدۇر.

ھەكىم كېرمانىي بىلىم دائىرىسى كەڭ تېۋىپ، پەيلاسوپ ۋە شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ھەكىمى تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرى قوليازما كىتابلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھۆسەيىن بايقارا تەختتە ئولتۇرغان پەيتتە، بىر نەچچە ۋاقىت ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋە 1477 - يىلى ۋاپات بولغان. ھىندىستانلىق ھۆسەيىن قۇلىخان ئىبن ئاغا ئەلىخان ئۆزىنىڭ «ناشتارى ئىشىق» ناملىق تەزكىرىسىدە ھەكىم كېرمانىينى شېئىرىيەتتە بۈيۈك شائىر، تېبابەتتە بولسا، ئىككىنچى ئىبن سىنادۇر، دەپ يازدى.

ھەكىم كېرمانىي ھىجرىيە 868 - يىلى/مىلادى 1463 - ۋە 1464 - يىللىرى بىزگە نامەلۇم بولغان ئۇلۇغ بىر كىشىنىڭ تەكلىپى بىلەن «باھىر ئۇل - ھەۋەسى» («خۇسۇسىيەتلەر دېڭىزى») ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇ ئەسەرنى يېزىش داۋامىداشەرقنىڭ ئۇلۇغ تېۋىپلىرى يازغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ چىققان ئىدى. كېيىن ئۆزى توپلىغان يېڭىلىقلارنى بايان قىلدى. ئۇ بىرەر ئۇسۇملۇك ئۈستىدە سۆزلىمەكچى بولسا ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تېۋىپلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى سۆزلەپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقى ياكى قارشى

تۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بولۇپ ئاندىن ئۇلارغا مەلۇم بولمىغان باشقا خۇسۇسىيەتلەردىن (ئۆسۈملۈكنىڭ) يازىدۇ ياكى سۆزلەيدۇ. «باھىر ئۇل - ھەۋەسسى» نى ۋاراقلىساق، ئۇنىڭ سەھىپىلىرىدە، ئەبۇ بەكىر روزى ئەل خۇسپى، مۇسارجاۋايخ، ئىسھاق ئىبىن ھۆسەيىن، ئىبىن سىنا، بىرونى، ئىبىن روشد، يۇنان ئالىملىرىدىن جالىنوس، سوقرات، ئارستوتىل ئارابىياس، بالنۇس ۋە بايفورسقا ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى ئۇچرىتىمىز.

«باھىر ئۇل ھەۋەسس» بىرمۇ قەددىمە، 3 ماقالە ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت. مۇقەددىمىدە تېبابەتتە پايدىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك ۋە قىممەت باھالىق تاشلار ھەمدە پەررەندە (ئۇششاق ھايۋانلارنىڭ ناملىرى ئېلىببە تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ يۇنان، ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە تۈرك تىللىرىدا قانداق نام بىلەن ئاتىلىشى كۆرسىتىلگەن.

بىرىنچى ماقالە مۇپراد، يەنى يەككە ھالدا ئىشلىتىلگەن ئاددىي دورىلەرنى تونۇشتۇرۇشقا بېغىشلانغان. ئىككىنچى ماقالىدا مۇرەككەپ، يەنى بىر نەچچە خىل ئاددىي دورىلار قوشۇپ تەييارلىنىدىغان دورىلار بايان قىلىنغان. بۇ ماقالىدا مۇرەككەپ دورىلارنى تەييارلاش يوللىرى، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ۋە ھايۋانلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان دورىلار مۇپەسسەل بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى ماقالىدا ئاددىي ۋە مۇرەككەپ دورىلارنىڭ قايسى كېسەللىكلەردە قانداق بېرىلىشى، كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرىگە قاراپ بېرىلىدىغان نەرسىلەر، پەرھىز قىلىدىغان تاماقلار بايان قىلىنىدۇ.

خاتىمە قىسىم تېبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان تېببىي ئاتالغۇلار ھەققىدە يېزىلغاندۇر. «باھىر ئۇل- ھەۋەسسى» دە ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۇيغۇرچە ناملىرى ئۇچرايدۇ: ئىت ئۈزۈم، يىلان پوستى، قاراموخ، تاۋۇز، ئالما، ياغ، قۇيرۇق، مۇز، ئارىسلان، تۈلكە، تۆيا، پاقا، تورغاي، يىپەك، پاختا، قوناق، تېرە، يۈرەك، ئايران (قېتىق)، ئالتۇن قاتارلىقلار.

ئەسەرنىڭ ئۆزى پارس تىلىدا ناھايىتى ئاددىي ۋە راۋان يېزىلغان، ئەمما ئۇ ناھايىتى كەم تارقالغان. ھەتتا 30 يىل سەپەر قىلىپ، 1648 - يىلى ئەرەب تىلىدا ئۆزىنىڭ بىئوگرافىك ئەسىرىنى يازغان ھاجى خەلپە ھەم «كەشىپ ئۇز - زۇنۇن» گە 15 مىڭغا يېقىن پارسچە، تۈركچە ئەسەرلەرنىڭ نامىنى (ئىسمىنى) كىرگۈزۈپ، «باھىر ئۇل - ھەۋەس» نى تىلغا ئالمىغان. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى مەزكۇر زات بۇ ئەسەرنى كۆرمىگەن بولسا كېرەك. شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا بۇ كىتابنىڭ پەقەت 3 نۇسخىسى ساقلاندى. بۇ كىتابلاردىن 2 سى تولۇق ئەمەس، 2146 - نومۇرلۇقى بولسا ئەڭ مۇكەممەل، تولۇقراقى ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ مۇكەممەل نۇسخىنىڭ

پەيدا بولۇشى ۋە بىزگىچە يېتىپ كېلىشى ھەققىدە توختىلايلى:

1625- يىلىدىن 1702 - يىلىغىچە بولغان دەۋردە نادىر مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى سۇبھان قۇلىخان بۇخاراغا ئەمىر ئىدى. ئۇ، تېبابەتكە قىزىقىدىغان زات بولۇپ، ئوردىغا مەشھۇر، داڭلىق تېۋىپلەرنى يىغىپ ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزى «ئەھيا ئۇت - تىببىي سۇبھانى» دېگەن كىتاب يازغان. سۇبھان قۇلىخان 1697 - يىلى بۇخارادا 18 ھۇجرىسى بار ناھايىتى كاتتا بىر مەدرىس سالدۇرغان. بۇ مەدرىستە مىرقاسىم ھەكىم دېگەن كىشى تېبابەتتىن دەرس بەرگەن. مەدرىسنىڭ دورا تەييارلايدىغان ۋە تەجرىبە قىلىدىغان مەخسۇس ئۆيلىرى (خانىلىرى) بولغان. يىراق جايلاردىن كەلگەن كېسەللەرگە مەخسۇس ئۆي بېرىلىپ ھەقسىز داۋالىغان.

«باھىرئول - ھەۋەسىس» نى ئوقۇپ چىققان سۇبھان قۇلىخان بۇ ئەسەرگە قىزىقىپ قالىدۇ ۋە تېۋىپلەردىن خوجا ئەمىن رەئىس، ئاخۇن موللا ئابدۇغوپۇرھاكىم، خوجا ياقۇپ كىتابدار، (سۇبھان قۇلىخان كىتاب خانىسىنىڭ باشلىقى)، موللا مىرمۇھەممەد مۇنشى (كاتىپ) گە بۇيرۇپ، بۇ ئەسەرنى ئىبىن سىنانىڭ «قانۇن»، «ئىختىيارى بەدەئىي»، «نۇزھات ئول - قۇلۇب»، «باھىر ئول - جاۋاھىرە»، «شىپائول - ئەلىل» ھەمدە باشقا مەشھۇر ۋە ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان كىتابلارغا سېلىشتۇرۇپ چىقىشنى تاپىلايدۇ.

ئۇزاق ۋاقىت جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ ئەسەرسېلىشتۇرۇپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلمىگەن تېۋىپ ۋە ھەكىملەرنىڭ ئىسمى ئېنىقلىنىپ چىقىپ كىتابلارغا يېزىلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ بەزى ئىما ۋە ئىشارەتلەر بىلەن يېزىپ كەتكەن جايلىرىغا شەرھىلەر بېرىلگەن. خاننىڭ مەخسۇس كاتىپى ھاجى ئابدۇراخمان بەرقى كاتىپ (مۇنشى) ئاققا كۆچۈردى. بۇ كىتاب ھازىر 2146 - نومۇر بىلەن شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. بۇ ئىشلاردىن باشقا سۇبھان قۇلىخان شۇ مەزگىلدە يۇقىرىدا ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنىپ مەدھىيىلەنگەن تېۋىپلەرنى بىر يەرگە چاقىرىپ شاھانە ئىنئاملارنى بەردى. كىتاب بولسا، سۇبھان قۇلىخاندىن كېيىن ئوغلى ئوبۇل پەيزىخانغە، كېيىن ئەمىرشاھ مۇراتكە ۋە ئەمىرھەيدەر ئېلى ئارقىلىق بىز گىچە يېتىپ كەلگەن.

«باھىرئول - ھەۋەس» نى ئۆگىنىش، تەرجىمە قىلىپ ئۇنىڭدىن مېدىتسىنادا پايدىلىنىش ۋىراچلىرىمىز (دوختۇرلىرىمىز) ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.

ئىرانلىق مەشھۇر تېۋىپلاردىن يەنە بىرى رايلىق مۇخەممەد ھۆسەينى نۇر باخشى باھا ئۇدداۋلا ئىبىن مىرقاۋا موددىن (1507 - يىلى ۋاپات بولغان) تېبابەتكە كىرىشتىن بۇرۇن رايدا،

كېيىن ھىراتتا بىلىم تەھسىل قىلغان. ھىراتتا ئۇ بىر نەچچە ۋاقىت ھۆسەيىن بايقارانىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇ رايىغا قايتىپ كەلگەن. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنى مىلادى 1501 - يىلى «خۇلاساتى ئات - تەجارىب» («تەجرىبىلەر خۇلاسەسى») ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئۇ كىتاب ھەققىدە مۇئەللىپىنىڭ ئۆزۈن يىللىق تەكشۈرۈش، كۆزىتىشلىرىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ دەرسلىك شەكلىدە تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا بۇقرات (ھىپپوكرات)، جالىنۇس، رازى، ئىبنى ئەل بايتۇر ۋە ئۆتمۈشنىڭ باشقا ئۇلۇغ تېۋىپ، ئالىملىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن مىساللار كەلتۈرۈلگەن. مۇئەللىپنىڭ بايان قىلغان شەخسىي كۆزىتىشلىرى بولسا ئاشۇ دەۋر ئۈچۈن مۇتلەق يېڭى بولغان كېسەللىكلەرنى ئۇ تەرىپىدىن 1 - بولۇپ تەسۋىرلىگەنلىكى ھەققىدە سۆزلىشىمىزگە ئاساس بولىدۇ.

مەسىلەن: باھا ئۇد داۋلا ئىسسىتمىلار توغرىسىدا سۆزلىگەندە باھاردا، دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ ئەتراپ تازا گۈزەللەشكەن ۋاقىتتا قوزغىلىدىغان كېسەللىك ئاللىرگىيا ئۈستىدە ئالاھىدە توختاپ، ئۇنى باشقا ئىسسىتما (ھۇمما) كېسەللىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ كېسەللىك ياۋروپادا 19 - ئەسىرگە كەلگەندە بايقالدى.

باھائۇد داۋلا ھىراتتا ئىشلەپ يۈرگەن دەۋردە ئۇ يەردە كۆك يۆتەلنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ھەممە بەلگىلىرىنى كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلغان ھەم ئۇنى داۋالاشنىڭ يوللىرىنى بايان قىلغان. بۇ مەلۇماتلار تېبابەت تارىخىغا كۆك يۆتەل ھەققىدىكى 1 - مەلۇمات سۈپىتىدە كىرگەن.

«خۇلاسات ئات - تەجرىبە» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) نىڭ بىر قانچە قول يازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۇنىڭ 2846 - 2612 - ۋە 3664 - نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىلىرى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. 16 - ئەسىر شەرق تېبابىتىگە چوڭ ھەسسە قوشقان تېۋىپلار قاتارىغا ئىمادۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مەسئۇت شىرازىنى (1592 -- 1515) مۇ قوشۇشقا بولىدۇ. ئۇ ئىراندا شاھ تاھماسىب (1576 - 1524) ۋە شاھ ئىسمائىل سەفەۋى (1578 -1576) لارنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان تېۋىپلىرىدىن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىدا ھىندىستان ۋە ئىراننىڭ يىرىك (داڭلىق) تېۋىپلىرى، جۈملىدىن دېھلىدىكى شەرىپى تېۋىپلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان خوجاخاۋەند مەھمۇد، شاھ ئەكبەرنىڭ (1605 -- 1556) مەشھۇر تېۋىپى ئەبۇل فاتىخ گىلانىلەر (1588 - يىلى ۋاپات بولغان) تەھسىل كۆرگەن (بىلىم ئالغان). ھازىرقى كۈندە ئىمادۇددىننىڭ 20 گە يېقىن ئەسىرى مەلۇم بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ھىندىستاننىڭ

ھەر قايسى كۈتۈپخانىلىرىدا ئەتىۋارلاپ ساقلانماقتا. بىز شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتىمىز.

«شەرھى تاشرىھ ئەل - قانۇن» («قانۇننىڭ ئاناتومىيە قىسمىغا شەرھى») ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئىبىن سىنا «قانۇن» ىنىڭ «تاش رىھ» يەنى «ئانا تومىيە» قىسمىغا يېزىلغان شۇ دائىرىدىكى ئەسەرلەردىن ئۆزىنىڭ چوڭلىقى ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

«رىسالە ئى ئاتاشاك» («زەخمىلىنىش ھەققىدە رىسالە»). بۇ ئەسەر 1569 - يىلى (ھىجرىيە 977 - يىلى) يېزىلغان بولۇپ، شۆكەمگىچە شەرقتە شۇماۋزۇدا بىرەر پارچە ئالاھىدە رىسالە يېزىلمىغان ئىدى. پەقەت يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان باھا ئۇد دوۋلە ئۆزىنىڭ «خۇلاسات - ئات تەجارىب» دېگەن كىتابىدا بۇ كېسەللىك ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن.

«رىسالە ئى پادزاھىر» («تەرپاك ھەققىدە رىسالە»). پەن تارىخچىسى ك. ئەل گۇدىنىڭ پىكرىچە، بۇرىسالەتەرياكلەرگە بېغىشلانغان پارىس تىلىدىكى تۇنجى مەخسۇس ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا مۇئەللىپ تەرياكلار تەييارلاش، ئۇلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىدىن تاشقىرى، ھەقىقىي ۋە ساختا تەر ياكلارنى پەرق ئېتىش يوللىرىنى كۆرسەتكەن.

«رىسالەدەر باب - ئى سامدم («زەھەرلەرگە بېغىشلانغان رىسالە»). بۇ ئەسەردە ئاۋۋالقىسىدىكىدىن پەرقلىق ھالدا زەھەرلەر ۋە زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. «رىسالەچۆب - ئى چىنى» («ختاي تومۇرى ھەققىدە رىسالە»). بۇ ئەسەرنى ئىمادۇددىن ھىجرىيە 993 - يىلى مىلادى، 1585 - يىلى يازغان.

16- ئەسىردە زەخمە كېسەللىكى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ «داۋاسى» - «چۆپ ئى چىنى» كەشىپ قىلىندى. كۆپلىگەن تېۋىپلار ئۇنىڭغا بېغىشلاپ رىساللار يازدى. ئىمادۇددىن ھەم شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى.

«چۆب - ئى چىنى» نىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى 16 - ئەسىردە ئۆتكەن باشقا بىر تېۋىپ- نۇرۇللاھ ئالوئەل ھەكىمنىڭ «رىسالە - ئى زىكرى مانافى - ئى بىخى چىنى» («ختاي تومۇرىنىڭ پايدىسى ھەققىدە رىسالە») سىدىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ رىسالە ھىجرىيە 944- يىلى، مىلادى 1537 - يىلدا، مۇئەللىپنىڭ ھىندىستانغا قىلغان 20 يىللىق ساياھىتىدىن كېيىن ھىندى تېۋىپلىرىنىڭ بۇ ئۆسۈملۈك ھەققىدىكى ھېكايەتلىرىگە ئاساسلىنىپ يېزىلغان.

# نەۋائىي- تېببىي ئالىم

ۋەلېكىن تېببىي ھېكمەت ھەم ئېرورخوب،
كى سىھ ھەت دۆر كىشى جىسمىدا مەتلۇب.

بىر يۈقىرىدا 15 - ۋە 16 - ئەسىرنىڭ 1 - يېرىمىدا ماۋارە ئۈننەھر، خۇراسان، ئىران ۋە ھىندىستاندىكى تېبابەت ۋە ئاشۇ ۋاقىتتا يېزىلغان تېببىي ئەسەرلەر تارىخى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. ئەمدى بولسا بىۋاستە نەۋائىي ئاساس سالغان دورۇش شىپا ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە سۆزلەيمىز.

دورۇش شىپانىڭ تەشكىل قىلىنىشى (قۇرۇلۇشى) ھەققىدە سۆزلەشتىن بۇرۇن، داۋالاش ئۆيىنى تەييارلاشقا نەۋائىينى قىزىقتۇرغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەش لازىمدۇر.

مەلۇمكى، ئۆتمۈشتە بارلىق مەدرىسىلەردە باشقا دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىلىملەر قاتارىدا تېبابەت ئىلمىدىنمۇ دەرس ئۆتۈلەتتى. تالىپلار ئەرەب تىلىنى ياخشى ئىگىلەپ، دىنىي دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە بىرىكتۈرۈپ يەنە دەرسلەرنىمۇ ئۆگەنگەن ھەمدە تېببىي ئىلمىنى ھەم تىرىشىپ ئۆگەنگەن. تېببىي ئىلمىدا ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ «تىب قانۇنلىرى» دېگەن ئەسىرى ئوقۇتۇلغان. دەرس داۋامىدا يىراق سەھرالارغا چىقىپ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن تونۇشقان.

بۇ ئۆتمۈشتە ياشىغان شائىرلارنىڭ داستانلىرى ۋە غەزەللىرىدىن تېبابەتكە ئائىت پىكىرلىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ روھىي ھالەتلىرى ۋە كېسەللىكلەردىن داۋالاش جەريانى بايان قىلىنغانلىرىدا ئاددىي ۋە مۇرەككەپ دورىلار نامى ھەمدە تېبابەت ئەسەرلىرىگە ئائىت پىكىرلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ ساھەدە شىرازى، جالالىددىن رۇمى، ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراخمان جامىلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن بىر - ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز.

سەئدى شرازى ئەيتىدۇ:

ئەگەر بىر ئەزاغا ئاغرىق بولسا يۈز،
ئۆزگە ئەزالەردە قالمايدۇ قارار.

ياكى:

كەم يېيىش تەبئەت بولسا ئىنسانغا،

ئېغىرلىق يۈز بەرسە يەڭگىل كۆچۈدۇ.
كەڭلىكتە تەننى پەرۋىش قىلسا،
تارلىقتا ئۆمرىنىڭ شامى ئۆچۈدۇ.

كۆپ يىمە، چىقمىسۇن تېشىپ بوغزىڭدىن،
ئاز يىمە، چىقمىسۇن جېنىڭ ئاغزىڭدىن.
جالالىددىن رۇمى مۇنداق يازىدۇ:
ئىللەتتىن شۇ كويغا چۈشكەنتى يۈرەك،
چۈنكى يىگەن ئىدى تۇنۇكۈن يىمەك.

ياكى:

داۋالار ئاساسى سانىلۇرپەرھىز،
پەرھىزقىل، جان كۆچىن كۆرگىن ئاشۇكېز.
پەرھىزدۇر دورىيۇ داۋا سارۋارى،
قىچىش قىچىشش.
ئاشار قوتۇركۆچەيگەنسېرى.

پەرھىزدۇر دۇرىيۇ دەرمانلەر بېشى،
ھېزىم دۇرا - يېگى ئىللەت يولداشى.

مجەز تەكشۇرگۈچى تېۋىپ ئاكسارى، (ئەكسىچە)
يۈرەككە باقىدۇ تومۇر ئارقىلىق.
ئۇۋقەتۇ مېۋەنىڭ تېۋىپى ئۇلار،
ئۇلاردىن ھايۋانى روھ تېتىك بولار.

ئەمىرخۇسراۋدېھلىۋى مۇنداق يازىدۇ:

لەۋزىنا لەۋزىنا (بادام مېغىزى قوشۇپ تەييارلانغان شىرنىلىك دورا)،
يېقىملىق –– تەنگە جاندۇر،
كۆپ يېسەڭ مەيدىگە بىراق زىياندۇر.

داۋادىن نەپ تاپماس، ئىللەتكە ئەسىر،
ھەتتا دەرد قىلدى تېۋىپكە تەسىر.
ئابدۇراخمان جامى مۇنداق يازىدۇ:
شۇنداقكى، تېنىڭ ئۆيى ناگاھان،
ئارتۇقچىلىقتىن بولمىسۇن ۋەيران.
ئارتۇقچە كېكىرىكتىن كۆز تاپار زىيان،
ئۇنىڭدىن ئالەم تارتار كۆزلەر بىگۇمان.
تىك قويساڭ، كۆزىڭنى كۆزقىلۇر ناگاھ،
يۇلۇپ ئالساڭ، ئاغرىق قوزغار باناگاھ.
بويىندىن سوغ ئۆتسە ھەمكى تەشنالىق ئىچرە ئۆلەر،
ھە، شۇنىڭدەك بولغۇسى كىمنى ئىستىمسى بار. (ئىستىما)

بىز يۇقىرىدا بىرنەچچە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن پارچىلارنى مىسال كەلتۈردۇق. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە سۆزلىمەيمىز، بۇ ھەقتە م. ھەسەننىڭ «تېبابەت دۇردانىلىرىدىن» دېگەن ئەسىرىدە يېزىلغان.

مەزكۇر شائىرلار ئىچىدە تېبابەتنى ياخشى بىلىدىغان ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغانلىرى بولغان (مەسىلەن يۇسۇفى، ھازىق تېۋىپ)، بىراق كۆپلىرى تېبابەتنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن، لېكىن تېبابەتچىلىك قىلمىغان.

ئەنە شۇنداق شائىرلار قاتارىغا ئەلشىرنەۋائىينىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. نەۋائىي ئۆزىگىچە ئۆتكەن تېۋىپلارنىڭ، مەسىلەن، ئىبنى سىنا، ئەبۇبەكر روزى ۋە ئەبۇرەيھان بىرونى ئەسەرلىرى بىلەن ياخشى تونۇشقان، ئۇ كۆتۈپخانىسىدا بۇ ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ساقلىغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى نەۋائىي بىلەن زاماندا ياكى شۇ دەۋردە ئۆتكەن تېۋىپلەر ئۆزلىرىنىڭ تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلىرىنى نەۋائىيغا بېغىشلىغان. شۈبھىسىزكى، نەۋائىي بۇ ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇپ چىققان. نەۋائىي ئاشۇ دەۋر تېبابىتىدە تېببىي ئەسەرلەر بويىچە تەلىم ئالغانلىقى شۈبھىسىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن تېبابەتكە ئائىت پىكىرلەر بىلەن تونۇشۇپ چىققان ئادەم ھېچ ئىككىلەنمەيلا شۇ قارارغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ تېبابەتكە ئائىت بەزى پىكىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ كۆرەيلى:

ئاۋۋال نەۋائىي كۆز ئالدىمىزدا تېبابەتنىڭ ھەقىقىي تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. مانا بۇ بېيىتكە دىققەت قىلىڭ:

ئەگەر ھېكمەتلەر بولسا ئىلتىپاتىڭ،

كى بولسۇن نوھ ئۆمرىچە ھاياتىڭ.

ياكى: ۋەلېكىن تېببىي ھېكمەت ھەم ئىرۇرخوپ،

كى سىھھە ھەتتۇر كىشى جىسمىدا مەتلۇب.

دېمەك، نەۋائىيچە تېببىي ھېكمەت ئەڭ ياخشى پەنلەردىن بولۇپ، كىشى جىسمىدا سالامەتلىكنى ساقلاش ئالىي مەقسەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

نەۋائىينىڭ پىكرىچە، كىشى ھەمىشە ساق - سالامەت بولۇش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك؟ بىرىنچىسى گالدا، ئۇ، ئۆز مىجەزىنى بىلىشى ۋە ئۇنى مۆتىدىل تۇتۇشى لازىم. مىجەزنىڭ بۇزۇلۇشى كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

سارسەرىسە بىز ئىرۇرھەمىشە بۇ گۇلشەندە سەرۋەدەك،

ئەزادا ياكى بولسا مىجەزدە ئىپتىدال.

نەۋائىينىڭ پىزىشچە، كىشى ساق - سالامەت بولۇشى ئۈچۈن ئاۋۋال توغرا ئوزۇقلىنىشنى بىلىشى زۆرۈر. كىشى زەھەرلىك نەرسىلەرنى يېيىش ۋە ئىچىشتىن دائىم قېچىشى كېرەك. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا سالامەت بولىدۇ:

نەكىم بولسا مۇزىر بولغىل ھاراسەن،

كى بولغاي تېۋىپكە مۇشكۇللەر ئاسان.

زەرەرىسىز، شېرىن تاماقلارنى يېيىش قائىدىسى قانداق؟ ئۇنىڭدىن خالىغانچە يەۋېرىش مۇمكىنمۇ؟ ياق! مىجەزگە ياقىدىغان نەرسىلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق يېيىش زەرەرلىكتۇر:

نېكىم (ھەركىم) بولسا مىجەزىگە گۇۋارا،

ئاڭا كۆپ مايىل قىلما ئاشكارا.

نەۋائىي يەپ - ئىچىشنىڭ قانداق بولۇشى ۋە بۇ ساھەدە ئەڭ توغرا يول قايسى ئىكەنلىكىنى ئاجايىپ مىساللار ئارقىلىق بىزگە كۆرسەتتى. يەنى، ئوزۇقلىنىش قائىدىسى شۇكى، كىشى راسا تويۇپ كەتمەستىن ئازراق يېيىشى، يېگەن نەرسىسى ھېزىم بولماي تۇرۇپ، ئۈستىگە زورلاپ يېيىش توغرا ئەمەس:

غىزا بولسا مۇفىدۇ تەبئى راغىپ،

بەس ئەت تەبىيىك ھانۇز بولغاندا تەلىپ.

بۇداغى تاپمۇ غۇنچە ھېزىم كامىل،

بەدەننى قىلما ئارتۇق يۈككە ھامىل.

كىشى بىمار بولۇپ ياتقاندا ئۆزىنى كۆپ ئۇرۇندۇرماسلىقى ۋە ئىلاجىنىڭ بىرىچە كىتاب ۋە

خەت ئوقۇماسلىقى كېرەك.

نەۋائىينىڭ پىكرى مۇنداق:

يار خېتىدىن نەۋائىي خەستە كوڭلۇك زەئىپ ئىتەر،

زەئىپكە ماۋجۇپ بۇلار چۇن كۆپ ئوقۇرىمار خەت.

نەۋائىينىڭ پىكرىچە، بىمار كىشىدە ئىشتىها جايىدا بولسا، ئۇ تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بىراق ساغلام ئادەمدە ئىشتىها بولمىسا، بۇ يامان، بۇنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك:

بىمارى مۇشتاھىيىگە سالامەت نىشاندۇر،

چوك تەندۇرۇس مۇشتاھىيى ئەمەس -- زىياندۇر.

كىشى بەدىنىدە 4 خىلت يەنى قان، سەفرا، سەۋدا ۋە بەلغەم بولىدۇ. شۇخىلتلاردىن بىرەرسى ئېشىپ كەتسە، كىشى كېسەل بولۇشى مۇمكىن. تىب ۋە تېۋىپ  تىب ۋە تېۋىپ -- تېبابەت ۋە تېۋىپ.

ئەنە شۇ ئارتۇقچە خىلتنى يوقىتىپ، بىمارغا سالامەتلىك يەتكۈزىدۇ:

بولسا تەبئى ئىچرە خىلتتىن ئىللەت،

ماددىي بولسا ھەر نەچۇك زاخمات.

بىزگە ئىشتىۇر ئۇنى ئىلاج ئەتمەك،

تىب ئىلە سىھ ھاتى مىزاج ئەتمەك.

سەۋدا ماددىسى قاننىڭ بۇزۇلۇشى ۋە كۆيۈشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بەدەندە سەۋدا ماددىسى ئېشىپ كەتسە، كىشىنىڭ پىكرى بۇزۇلۇپ، سەۋدايى بولۇپ قالىدۇ، بۇنى ياخشى چۈشەنگەن نەۋائىي مۇنداق يازىدۇ:

سەۋدا سالدى دىماغ ئىچرە خالال،

ئەقلى ھۇشى جۇنۇنغا بولدى بەدەل.

ياكى:

بۇ يەڭلىغ بىزگە بولمىش زەئىپى تاش خىس،

كى سەۋدادىن دىماغى تاپتى تەنقىس.

ئابدۇراخمان جامى، ئەمىر خۇسراۋدىھلەۋى ۋە جالالىددىن رۇمىلەر ئۆز شېئىرلىرىدا مىجەزگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنگە ئوخشاش نەۋائىيمۇ مىجەز ھەققىدە قايتا - قايتا يازغان ۋە ئىنسان مىجەزىگە ياققان نەرسىلەرنى بىلىشى ۋە يېيىشى بىلەنلا ئۆز سالامەتلىكىنى ساقلايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. نەۋائىينىڭ پىكرىچە، ھەر كىم مىجەزىنى ساز ھالدا (ياخشى) ساقلىشى ئۈچۈن،

داۋالىنىش، توختىماي ھەرىكەت قىلىشى، ئۆزىگە ياقىدىغان ۋە ياقمايدىغان نەرسىلەرنى ئېنىق بىلىشى زۆرۈر.

بۆرۈن قىل ئۆز مىجەزىڭگە تەئەم مۇل،
نەھالى بار ئىكەنىن ئاڭلابىل كۆلىل.
مۇفىد ئەشياغا دائىم ئىشتى غال ئەت،
ۋەلېى بار ئىشتا مەيلى ئەئىتىدال ئەت.

بەدەندە سوغاق مىجەزنىڭ ئېشىپ كېتىشى ئىسسىق مىجەزنى سۇندۇردۇ (يوقىتىدۇ) ۋە خۇشاللىق پەيدا قىلىدۇ:

بۆرۇداتتىن بۆرۇدات -- سوغۇقلۇق.
ئابدان ئابدان -- بەدەنلەر.
تۆلا باشلىدى،
ھارارەت ئوتى پەس ئۆلا باشلىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، كىشىدە ھارارەت كۆپ بولۇپ تۇرۇپ، يەنە ئىسسىقنى ئاشۇرغۇچى يېمەكلىكلەرنى يېسە كىشىدە چوقۇم كېسەللىك پەيدا بولىدۇ:

مىجەزدە ھارارەت غالىپ ئەردى،
يەنە مايغا مىجەزى تولۇپ ئەردى.

بەدەندە ئىسسىقى بار ئادەمگە ئازغىنا ئىسسىقلىق تەسىر قىلىدۇ:

ھەر تەبىكى زادى ئولسا مەھرۇر،
ئۇ ھەرىكەت ئىتەر تىنىن رانجۇر.

ھەقىقىي ئۇستا تېۋىپ ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى ئىللەتنى تومۇردىن بىلىۋالىدۇ. ئىبنى سىنانىڭ تومۇر ئارقىلىق ئۆتكەزگەن تەجرىبىلىرى ۋە قىزىق ۋەقەگە دۇچ كەلگىنى ئۇ ھەقتە يېزىلغان «ئىبنى سىنا ئەپسانىلىرى» كىتابىدىن مەلۇم. شائىر ۋە تېۋىپ يۈسۈفنى بولسا بابۇر ھىندىستانغا چاقىرتقان. يۈسۈفنىڭ ئاساسىي ئىشى تومۇر ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇشتىن ئىبارەت بولغان. نەۋائىيمۇ تېۋىپلەرنىڭ تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق داۋالىشىغا ئىشىنىدۇ ۋە بۇنى تۆۋەندىكى بېيىتتە مۇنداق يازىدۇ:

نەبزدىن نەبز -- تومۇر
رەنجى دەفئىن بىلدى،
تۆرت بەش كۈندە يوق داۋاقىلدى.

نەۋائىي شاراب ئىچىشنى كەسكىن ئەيىبلەيدۇ ۋە شارابنىڭ ئىنساننىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى يازىدۇ. نەۋائىيچە شاراب بەدەنگە يىغلىپ بالا سالىدۇ:

بوداكىم يىقماق سارى يوق مەيلىدۇر،

جىسىم ئۆيىغا بىلكى، بالا سالىدۇ.

كىمكى بودانى (شارابنى) كۆپ ئىچسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ قىل چىرىقى تېزدىن ئۆچىدۇ:

بوداگە كۆرگۈزسە كىشى خەيرىلىك،

ئېقىل چىراغىگە بىرۇر تەيرىلىك.

شاراب ئادەمنىڭ كۆزىگە سۇدەك تازا ۋە مۇساپىيە بولۇپ كۆرۈنسە، ئالۇۋلىگى كۆچلۈكرەك بولىدۇ. ئالوۋ -ئوت، ئىسسىق مەنىسىدە.

گەرچە سۇدەك سافىيۇ (پاكىز) مەۋزۇن ئىرۇر،

سۇلىغىدىن ئوتلىغى ئەفزۇن ئىرۇر.

نەۋائىينىڭ تېۋىپ ۋە تېبابەت ھەققىدىكى پىكىرلىرى ناھايىتى كۆپ، بىز بۇ تېببىي ھېكمەتلەرنى مەزكۇر رىسالە ئاخىرىدا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى شەرھى بىلەن بېيىتتۇق. بۇ يەردە بولسا يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمىز بىلەن توختايمىز.

كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى:

1 - نەۋائىي تېببىي ئەسەرلەرنى مۇتالىئە (تەھلىل) قىلغان.

2 - نەۋائىي تېبابەت ئەسەرلىرىنى ياخشى بىلگەن.

3 - نەۋائىينىڭ تېبابەت پەنىگە قىزىقىشى -- تېۋىپلەرنى بىر يەرگە يىغىشى، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە كەڭ شارائىت يارىتىشى دورۇش شىپانى (مەخسۇس داۋالاش ئورنى) تەشكىل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

بىراق دورۇش شىپانىڭ تەشكىل قىلىنىشىغا نەۋائىينىڭ تېبابەتكە قىزىقىشى ئاساس سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلسە ئانچە توغرا بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نەۋائىي بارلىق پەنلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا بىردەك غەمخورلۇق قىلغان، پەن ئەھلىلىرىگە ياردەم بەرگەن، تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار بىلەن خەلق ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ تېبابەت پېنىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تېۋىپلەرگە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم بېرىشى ھەم ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

# نەۋائىي تەسەۋۋۇرىدىكى تېۋىپ

يۇقىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن شائىرلار پەقەت تېبابەت ئاساسلىرى، مىجەز ۋە يەپ - ئىچىش قائىدىلىرى ھەققىدىلا ئەمەس، ياخشى ياكى يامان تېۋىپلەر ھەققىدىمۇ ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلغان. جاھىل تېۋىپلەر باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە قالغان بولسا، ياخشى، ئۇستا تېۋىپلەر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان.

ئومۇمەن ياخشى - يامان تېۋىپلەر ئۆتمۈشتىن تارتىپ تاھازىرغىچە خەلقنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

شائىر تىلىنىڭ ئەمرى بولغاندەك، تېۋىپ بەدەننىڭ شاھى، دېگەن ئىدى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا. ئارۇزى سەمەرقەندى «چارماقالا» ناملىق كىتابىدا تېۋىپ، تېبابەت ۋە نادىر داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئالاھىدە باب ئاجرىتىپ، ئۇنىڭدا: «تېۋىپلەر نازۇك تەبىئەتلىك، ئۇلۇغ قەلبلىك ۋە ھازىق (قابىلىيەتلىك) بولۇشى كېرەك.» دەپ يازغان ئىدى.

مەشھۇر «مەسنىۋى مەناۋى» دېگەن ئەسەرنىڭ مۇئەللىفى جالالىددىن رۇمى تېۋىپلەرگە ناھايىتى ياخشى باھا بەردى ۋە مۇنداق يازدى:

بەدەن تېۋىپلىرى دانا لىققا يار،
دەردىڭدىن سەندىن كۆپ ئۇلار خەبەردار.
سۈيدۈك ئېلىپ ھالىڭ تەتقىق قىلىشار،
بىلمىگەن نەرسەڭنى ئۇلار بىلىشەر.
تومۇرۇڭ ئىلە نەپەسىڭدىن ھەم،
نىمە دەرت بار، بەلگىسىن تەپشار ھەردەم.

«تەسھىل ئەل - ماناپىيى» دېگەن كىتابىدا بولسا، تېۋىپنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە: «تېۋىپ كىسەللىكنى بەدەندىن ھەيدەش ئۈچۈن بەدەننىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ»، دېيىلىدۇ. مېھرىبان تېۋىپنىڭ سۆزىدىن چىقماسلىقنىڭ زۆرۈرلىكىنى جالالىددىن رۇمى ئۆزىنىڭ مىسرالىرىدا يارقىن ئىپادىلىگەن:

تېۋىپ غورايىمە دەپ ساڭا ئەيتسا،
يېسەڭ، باشدا ئىللەت قوزغايدۇ، دېسە.
سەن دېسەڭ: «سۆزلىمە، پەيلىڭ يامان»!

دېمەك سەن ئۆزۈڭسەن، ئىنتايىن بەت گۇمان.

تېۋىپ ئۆزىنىڭ تىرىششى ۋە ياخشى داۋاسى بىلەنلا ھەقىقىي تېۋىپ دەپ قارىلىدۇ:

«يۈز گۈزەل بولسا نەفي بولماس ھاياسى بولمىسا،

يۈز تېۋىپتىن پايدا يوق ياخشى داۋاسى بولمىسا.»

دېگەن مىسرالىرىدا ئېنىق ئىپادىلىگەن ئىدى.

بۇقرات ھېكىمنىڭ (يۇنان تېۋىپى ھىپپوكرات -- موھەررىر) تېۋىپ ھەققىدىكى مانا بۇ ئېيتقانلىرى دىققەتكە سازاۋەر. ئۇ يازىدۇ: «تېۋىپ كېسەلنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلماسلىقى، ئۆلتۈرىدىغان دورا بەرمەسلىكى، ھەر قانداق يارىماسلىق ۋە ئىپلاسلىقتىن يىراق بولۇشى، ئاياللارغا خىيانەت كۆزى بىلەن قارىماسلىقى، بىچارىلەر ھەمدە پېقىرلەرنى داۋالاشقا ھېرىسمەن، يۇمشاق تىل ۋە شېرىن سۆز بولۇشى كېرەك»!

ئابدۇراخمان جامىنى ھەقىقىي تېبىبىي ئىلىم تەرغىباتچىسى دەپ ئاتاش مۇمكىن. جامى 15-ئەسىر تېۋىپلىرى بىلەن مۇستەھكەم ئالاقىدار بولغان ۋە ئۆلاردىن داۋالىنىپ تۇرغان.

«بىزنىڭ ھېچكىم بىلمىگەن سىرلىرىمىزنى (كېسەللىكلىرىمىزنى دېمەكچى) دەرۋىشئەلى تېۋىپ بىلدى» -- دەيدۇ جامى.

جامى تېبابەت ۋە تېۋىپلەرگە ناھايىتى زور ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارىغان، شۇنىڭدەك، تېبابەت قانۇن - قائىدىلىرىنى، ئادەتتىكى ۋە مۇرەككەپ دورىلارنىڭ خاسىيەتلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن. جامى «ھەفت ئەۋراك» داستانلىرىدىن بىرىدە تېۋىپنى «ياخشى قاراۋۇل» غا ئوخشىتىدۇ ۋە بەدەن سالامەتلىكىنى كۆزىتىپ ئاپەتلەردىن ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قاراۋۇل كېرەك، دەيدۇ. جامى ياخشى تېۋىپلەرنى ئالاھىدە تەرىپلەيدۇ:

تېۋىپ ھېفزى سىھ ھەت ئىشى ئارتتۇرۇر،

كەتكەن سىھ ھەتنى يانا قايتۇرۇر.

(ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ دېمەكچى)

مۆتىدىل ھالەتتىن چىقىپ ناگھان،

ساغلام مىجەزىڭگە يەتكەندە نوخسان.

ئىلمى (ئىلىم) ئامال بىلەن قىلدۇ ياردەم،

ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئۇل دەم.

جامى تېۋىپنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە پىكىر بايان قىلدى، بىر قاتار قانۇن - قائىدىلەرنى بايان قىلدىكى، بۇ ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغان بولۇپ، دەۋرىمىز دوختۇرلىرى

بۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، نۇر ئۈستىگە نۇر بولار ئىدى.

مانا ئاشۇ مىساللار:

ئويلاپ كۆر شۇندىن مېھرىبان تېۋىپ،

ھېكمەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىنتىلىپ.

ئىلىم ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتىسا

سىناق بىلەن يەنە كامالەتكە يەتسە،

قوبۇل بولسا مۇشپىق يانانى كۆكار،

دىللەرگە يەتمىسە ئۇنىڭدىن ھېچ ئازار،

ھەممە بىلەن بولسا شىرىن سۆز، خەندان،

ھەممە ئۈچۈن بولسا خۇش پىل، مېھرىبان.

قاشىن چىمىرمىسا يۈرەك تاشلىقلار،

پىشانە بولمىسا تىرىش غەشلىكلا،

يۈزى بولسا ھەر بىر بىمار شىپاسى،

كۆلگىسىدۇر ئۇنىڭ جانلار داۋاسى...

پۈلغا تورزاق قويغان جاھىل ۋە نادان تېۋىپلەر ئۆتمۈشتىمۇ بولغان. ئۇلارنى خەلق يامان كۆرگەن. شائىرلەر بولسا، ئۇلارنى ساترا تېغى ئاستىغا ئېلىپ، شەرمەندىسىنى چىقارغان، ئۇلارنى ئىنساپ قىلىشقا ئۈندىگەن.

شەرقنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىدىن بىرى ناسىر خىسراۋ نادان تېۋىپنى قوۋۇققا (ئىشەك) ئوخشىتىدۇ ۋە قاۋۇق ھېچ قاچان ھاۋانچا(دوراسوقىدىغان ھاۋانچا) ئىشىنى قىلالمايدۇ، دەپ يازىدۇ.

ھونەرسىز ھەكىملەر ئويۇن قىلدىرما،

قوۋۇقدان ھېچ قاچان ھاۋانچا بولماس.

ھەكىم شاھابىددىن ئابدۇلكەرىم ئوغلى ئۆزىنىڭ «شىپائەل - مەرەز» (كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى) ناملىق كىتابىدا تەبىر سۆپىتىدە:

«قىلىچ بىلەن قانىنى تۆكۈمەن ئەمما،

ئۆلتۈرگۈچى دورابەرمەيمەن ئەسلا»

دېگەن ئىدى.

«تارىخى باي ھاقىيۇ» نىڭ مۇئەللىپى بولسا: «كۆپ تەدبىر لەر باركى، پالانى نەرسىنى يەپ

- ئىچمەسلىك كېرەك، دەيدۇ، ئەمما ئۆزى ئاشۇ نەرسىلەرنى يەپ - ئىچىدۇ» دەپ تەنقىد قىلىدۇ.

قوقەنــدلىك ھەكــىم مەخمــۇد يايپــانى ئۆزىنىــڭ «تــارىخ ئــۇل - ئــىلاج» («داۋالاش يــولى») دېگەن كىتابىنى ئۆزبېك تىلىدا يازغان بولۇپ، نادان ۋە پىرپىگەر پىرپىگەر —— پىرخون تېۋىپ.

تېۋىپلەرنى ئايىماي سۆكۈدۇ:

بولدى پەيدا بىر نەچچە جاھىل تېۋىپ،

ئەل مالىنى ئالداپ ئالدى بىر ئەجەپ.

بۇ تېۋىپلىكنى قىلىپتۇر كۆپ كىشى،

ئۆزلىرىنى تاۋ سېپىنى قىلماي ئىشى.

ناۋا ئەيلەپ پۇللىرىنى ئالۇر ئۆنىڭ،

ھېچ نەپ كۆرمىگەندۇر بىر تانى.

مەھمــود يايپــانى جاھــىل تېــۋىپلەرگە ئــوت ئېچىــپ ئــۇلارنى قــاتتىق قــارالار ئــىكەن؛ ئەلنــى ئالدىغان تېۋىپنىڭ ئۆزىنى ئاۋۋال داۋالاش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

ھەر كىشىدە بولسا ئەلنى ئالدىماق،

ئاڭا لازىمدۇر تېبابەت ئەيلىمەك (تېۋىپ بولماق)،

ئەل ئارا كۆپتۇر تېۋىپلەر ئابلاھى،

جۈملىدىن كاززاپ بۇ جاھىل گۇمراھى.

مەخســۇم ۋاســىلىنىڭ يازغــان بېيىتلىرىمــۇ خــۇددىي ئەنەشــۇنداق ئالــدامچى، كــاززاپ تېــۋىپلار توغرىسىدا بولغان:

تەرىپىنى ئەل ئارا ئەيلەركى، مەن ھازىق تېۋىپ،

ئەسلىدە مىسلى گادايدۇر، قۇللىرى يەزىق تېۋىپ.

پۇلپۇلى ئەسۋاد ئىلە بىلمەس مەيىزنىڭ پەرقىنى،

سەن ئۆنى ھازىق (قابىل) دىمە، ئەل جانىگە قازىق تېۋىپ.

يۇقىرىــدىكى مىســاللاردىن كۆرۈنــۈپ تــۇرۇپتىكى، تېبــابەت ھەققىــدە كىتــاب يازغــان ئــالىملار ھەمـدە ئـۆز دەۋرىنىــڭ كـۆزگە كـۆرۈنگەن شـائىرلىرى جاھــىل ۋە نـادان تېـۋىپلەردىن يـۈز ئـۆرىگەن ۋە ئۇلارغــا نەپــرەت كــۆزى بىــلەن قارىغــان. ئىنســاپلىق، ياخشــى، مېھرىبــان تېــۋىپلەرنى ماختىغــان ۋە ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىنى شېئىرلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

ھاياتــدا تېــۋىپلەر بىــلەن ناھــايىتى كــۆپ ئالاقىــدا بولغــان، ئــۇلارنى بىــر يەرگە تــوپلاپ، ئىلمىــي داۋالاش ئىشــلىرىنى ئېلىــپ بېرىشــقا جەلــپ قىلغــان نەۋائىــي ھــازىق ۋە جاھــىل تېۋىپلارغــا نىســبەتەن

قانداق مۇناسىۋەتتە بولغان؟ ئۇ تېۋىپلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇلاردىن قانداق ھالەتتە بولۇشنى كۈتكەن؟ بۇ سوئالغا جاۋابنى نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» دېگەن ئەسىرىدىن تېپىش مۇمكىن.

نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تېۋىپ بولۇش ئۈچۈن، بۇ «ئۆزپەنىدە (كەسپىگە) ھازاقەت (چىڭ تۇرۇش، ئۆز كەسپىنى سۆيۈش) كېرەك ۋە بىمارغا شەپقەت قىلىدىغان بولۇش»، بۇنداق تېۋىپ ئالدى بىلەن مۇلايىم، بىلىملىك ۋە ئەڭ ياخشى مۇلازىم بولۇش زۆرۈر. نەۋائىيچە، تېۋىپ كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىدىغان، ئېغىر بېسىق، خۇش پېئىل بولىدۇ. «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان» كىتابلىرىدا بولسا پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ كېسەللىرىنى قانداق داۋالىغانلىقى بايان قىلىنغان. نەۋائىينىڭ ئۇستا (ھازىق) تېۋىپلەرگە نىسبەتەن ھۆرمىتى شۇ دەرىجىدە بولغانكى، ھەتتا ئۇ تېۋىپنى پەيغەمبەر بىلەن يانمۇ - يان قويغان. ئۇستا تېۋىپ جېنى ھەلقۇمىغا (تۇمشۇقىغا) كېلىپ قالغان بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىپ ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتلىق بېغىشلايدۇ.

نەۋائىي تەسەۋۋۇرىدىكى تېۋىپ مەركۇر خىسلەتلەرگە ئىگە ئىكەن، دېمەك «بۇنداق تېۋىپلارنىڭ يۈزى بىمارنىڭ ئالدىدا يورۇقتۇر ۋە بۇ خىل ياخشى تېۋىپلارنىڭ سۆزى بىمارنىڭ جېنىغا جان قوشىدۇ».

بىراق، تېۋىپ ئۇستا (ھازىق) ۋە دانا بولسىمۇ خۇي - پەيلى، مىجەزى ئەسكى، قوپال بولسا بولمايدۇ. مەلۇم بولۇشىچە نەۋائىي ياشىغان ئاشۇ دەۋرلەردە بۇنداق قوپال، مىجەزى ئەسكى تېۋىپلار بولغان، ھازىر ھەم بۇ خىل دوختۇرلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

نەۋائىينىڭ پىكرىچە، تېۋىپ ئۆز كەسپىگە ماھىر بولسىمۇ بىراق مىجەزى، خۇي - پەيلى يامان، قوپال، بىمارلارنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان، بىپەرۋا بولسا، بۇنداق تېۋىپلار بىمارلارغا روھى ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ».

بىمارلارغا تېۋىپنىڭ داۋاسىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ سۆزى، خۇش پېئىل مۇئامىلىسى كېرەك. بىمار ئۈچۈن ياخشى مۇئامىلە - ئەڭ مۇھىم دورىدۇر! تېۋىپ ئۇستا بولسا، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشقاندەك بولىدۇ. تېۋىپ ئۇستا بولۇپ، مىجەزى ئەسكى، قوپال بولسا، بىمار مۇئامىلىگە چىدايدۇ، كېسەلنىڭ ساقىيىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. تېۋىپنىڭ ئىلمىدىن بىخەبەر تېۋىپ ئىككەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ. نەۋائىي «ۋە لېكىن ئامى تېۋىپ كەم ئىرور شاگىرتى جاللاد، ئول تىغى بىلەن ۋە بۇ زەھەر بىلەن ھالاك قىلغۇچى بىداد»، دەپ يازغان. دېمەك، ئامى تېۋىپ (ئەسكى تېۋىپ) جاللادنىڭ شاگىرتىدۇر. جاللاد پالتىسى بىلەن ئۆلتۈرسە، ئامى تېۋىپ (ئەسكى، بىلىمسىز) دورا ئورنىغا زەھەر بېرىش بىلەن ئۆلتۈرىدۇ، بىلىمسىز، ئەسكى تېۋىپلار بولسا گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈدۇ. نەۋائىي

ئەسكى (ئامى) تېۋىپ ھەققىدىكى سۆزلىرىنى خۇلاسىلەپ، «ھېچ گۇناھكار ئۆنىڭغا (جاللاتقا) خار بولمىسۇن ۋە ھېچ قانداق بىگۇناھ كىشى كېسەل بولۇپ ئامى (ئەسكى) تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالمىسۇن» دەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي ياخشى ۋە يامان تېۋىپلار ھەققىدىكى سۆزلىرىنى يەكۇنلەپ، تۆۋەندىكى بېيتنى يازىدۇكى، بۇ بېيت ئۆزىنىڭ مەناسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئاجايىپ ھېكمەتلىك سۆز ئىكەنلىكى بىلەن ناھايىتى قىممەتلىكدۇر:

ھازىق تېبىب خۇشخۇي تەن رەنجىگە شىپادۇر،

ئامىي (تېۋىپنى دېمەكچى) تۈندى بەتخۇي ئەل جانىغا بالادۇر.

بۇ ماقالە 1991 - يىل تاشكەنتتە مەخمۇد ھەسەنوف بىلەن سۇرىيە كەرىموۋا بىرلىشىپ يازغان «نەۋائىي دەۋرىدىكى تېبابەت» ناملىق ئۆزبېكچە ئەسەرگە ئاساسەن يېزىلدى.

مەنبە : شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى ژورنىلى

مەنزىل تورى ئېلكىتاپ گۇرۇپپىسى

www.Menzil.biz

book@menzil.biz menzilbiz@163.com